# ئىستىقلال ئاۋازى

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

2023 نويابىر (ئومۇمىي 40 - سان)

ISTIQLAL





# خىتاي زور كۆلەملىك ساختا تەشۋىقات ھەرىكىتى باشلىدى




# خىتاي ئاتالمىش «شىنجاڭ ئەركىن سودا سىناق رايونى ئومۇمىي لايىھەسى»نى بېسىپ تارقاتتى

خىتاي رېجىمى ئاتالمىش «شىنجاڭ ئەركىن سودا سىناق رايونى ئومۇمىي لايىھەسى»نى بېسىپ تارقىتىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندا ئىزچىل ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن يوشۇرۇشقا ئۇرۇندى.

ئاتالمىش لايىھەدە ئەركىن سودا سىناق رايونىنى قۇرۇشنىڭ خىتاي رېجىمى چىقارغان مۇھىم تەدبىر ۋە يېڭى دەۋردە ئىسلاھات ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنغان.

ئاتالمىش لايىھەدە يەنە «ئەركىن سودا سىناق رايونى قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، تۆۋەن چەك تەپەككۇرى ۋە خەۋپ-خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، خەۋپ-خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە ئىجتىمائىي خەۋپسىزلىكنى قوغداش، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش دىۋىزىيەسى ئاساسىي گەۋدىلىك مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىش، يەرلىك نىزام چىقىرىشنى كۈچەيتىش، ياندىش سىياسەتلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش» دېگەندەك ئىبارىلەر ئورۇن ئالغان.

خىتاي رېجىمى رەئىسى شى جىنپىڭ 2013-يىلى ئاتالمىش «بىر بەلباغ، بىر يول» سودا پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن بولۇپ، ھەرخىل تۆھمەتلەر بىلەن مىليونلىغان خەلقنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە سولاپ قىرغىن قىلماقتا ۋە بۇ جىنايەتلىرىنى خەلقئارا جامائەتتىن يوشۇرۇش ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقنى كۆرسەتمەكتە.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ شۇنچە قەتلىئام ۋە باستۇرۇشتىن كېيىن مەزكۇر لايىھەدە يەنىلا: «خەۋپ-خەتەر ئېڭىنى

كۆچەيتىپ، خەۋپ-خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك» دەپ بىلجىرلىشىنىڭ ئۆزىلا خىتاينىڭ بۇندىن كېيىنمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنىڭ ئېنىق ئۇچۇرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# قازاقىستان ئومۇمىي نوپۇس ئەھۋالىنى ئېلان قىلدى

قازاقىستان دۆلەت ئىچىدىكى ئومۇمىي نوپۇس ئىستاتىستىكىسىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 300 مىڭغا يېقىنلاشقان.

قازاقىستان خەلقئارا خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 2-نويابىر قازاقىستان دۆلەتلىك ئىستاتىستىكا ئىدارىسى تور بېكىتى نوپۇس تەكشۈرۈش دوكلاتى ئېلان قىلغان.

دوكلاتتا 2021-يىلىدىكى پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدا ئۆتكۈزۈلگەن نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، قازاقلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 70.4% نى ئىگىلىگەنلىكى، 2009-يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە سېلىشتۇرغاندا، قازاقلارنىڭ نوپۇسى 10 مىليوندىن 13 مىليون 400 مىڭغا كۆپىيىپ، 33.7% ئاشقانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ قازاق نوپۇسىنىڭ دۆلەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدىكى نىسبىتىدە 63.1% تىن 70.4% كە ئۆرلىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

دوكلاتتا يەنە دۆلەتتىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ نوپۇس ئەھۋالىمۇ ئېلان قىلىنغان بولۇپ، قازاقىستاندىكى مىللەتلەر ئىچىدە قازاقلاردىن قالسا نوپۇسى ئەڭ كۆپ مىللەت رۇسلار بولۇپ، سانى 2 مىليون 900 مىڭ ئىكەن. ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئۆزبېكلەر بولۇپ، سانى 614 مىڭ ئىكەن. تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئۇكرائىنلار بولۇپ، سانى 387 مىڭ ئىكەن. ئۇيغۇرلار بەشىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، سانى 290 مىڭ ئىكەن.

ئەمما قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلاردىن ئىگىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ھەققىدىكى سانلىق مەلۇماتلار توغرا ئەمەس بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ بىر مىليوندىن ئاشىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.



**ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىدا**
**خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ قولى بارلىقى ئاشكارىلاندى**

ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاش سىياسىتىنىڭ ئارقىسىدا خىتاينىڭ خەلق ئىشلىرى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ بارلىقى ئاشكارىلاندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشىنى مەقسەت قىلغان سىياسەتلەرنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇۋاتقان بولۇپ، 2014-يىلى 21-ئاۋغۇست چەرچەن ناھىيەلىك پارتكوم چىقارغان «مىللىيلار بىلەن خىتايلار تويلاشقان ئائىلىلەرنى مۇكاپاتلاش تەدبىرلىرى» ناملىق ھۆججەت شى جىنپىڭنىڭ بۇ خىل سىياسەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا جىددىي ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغانلىقىدىن سىگنال بەرگەنىدى.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى داۋام قىلىۋاتقان، ئۇيغۇر ئەرلىرىنى ئاساس قىلغان كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن ۋە جازا لاگېرلىرىغا قاماش ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقان مۇشۇنداق بىر مەزگىلدە، خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن خىتايلارنىڭ تويلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تەدبىرلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلمەكتە. بۇ توغرۇلۇق ئاشكارا چاقىرىق قىلىدىغان ئېلان ۋە تەشۋىقاتلار، ھەتتا خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىش ئارزۇسىنى ھاياسىزلارچە ئىپادە قىلىشلىرى، «چىرايلىق ئۇيغۇر قىزلىرىنى خوتۇنلۇققا ئالغانلىقى»نى كۆز-كۆز قىلىۋاتقان بىر قىسىم خىتايلارنىڭ بەتبەشىرە قىلىقلىرى خىتاي ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىدىمۇ كەڭ ئورۇن ئالماقتا ۋە مۇھاجىرەتتىكى

ئۇيغۇرلارنى قاتتىق سەسكەندۈرمەكتە.

ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى مۇخبىرى گۈلچېھرە خانىمنىڭ ئىز قوغلاپ ئىشلىگەن خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئۇ نۆۋەتتە ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئاتالمىش «شىنجاڭ لايىقىم مەدەنىيەت چەكلىك شىركىتى» قىزىق لىنىيەسىگە تېلېفون قىلغان بولۇپ، تېلېفوننى ئالغان مۇلازىم بۇ شىركەتنىڭ «بىخەتەرلىك ئىدارىسى» (خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى) ھەمدە «ئۈرۈمچى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى»نىڭ مەخسۇس رىغبەتلەندۈرۈپ قوللىشى ئاستىدا مۇلازىمەت باشلىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

ئىلگىرى خىتاي رېجىمىنىڭ دېۋىزىيە ۋە باشقا ئورۇنلاردا بۇ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەرنى قۇرۇۋاتقانلىقى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا بۇ خىلدىكى تەشۋىقاتلارنى قىلىۋاتقانلىقى خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى خىتايلارنى «ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن توي قىلىش» ۋە شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كېلىپ، «پايدىلىق سىياسەتلەردىن بەھرىمەن بولۇش»نى تەشۋىق قىلىش مەزمۇنىدىكى سىنلاردىن ئاشكارىلانغانىدى.

خىتايچە تورلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتايلارغا ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت قىزلىرىدىن لايىق ئىزدەشنى تىجارەت كەسپى قىلىۋالغان بۇنداق شىركەتلەر نۆۋەتتە ھەممە شەھەرلەردە كۆپلەپ قۇرۇلماقتىكەن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن بۇ يات ۋە ئەخلاقسىز ھادىسىگە قارىتا ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قايتۇرغان ئىنكاسلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، ئەمدىلىكتە ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ياتلىق بولۇشقا تەشۋىق قىلىدىغان، شۇنداقلا خىتايلاردىن لايىق ئىزدەيدىغان كەسپىي مۇلازىمەت ئورۇنلىرى ۋە تور سۇپىلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىغان.

خىتايچە تور ئارخىپلىرىدىن ئاشكارىلانغان ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، ئاتالمىش «شىنجاڭ لايىقىم مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتى»نىڭ قانۇنىي ۋەكىلى مۇتەللىپ مۇھەممەت ئىسىملىك بىر ماڭقۇرتلاشقان ئۇيغۇر بولۇپ، بۇ شىركەت 2019-يىلى 12-ئايدا قۇرۇلغان ۋە شۇ ۋاقىتتا رويخەتكە ئېلىنغان مەبلىغىنىڭ بەش مىليون يۈەن ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. مەزكۇر شىركەت لايىق تونۇشتۇرۇش مۇلازىمىتىدىن باشقا يەنە يىغىن ۋە كۆرگەزمە مۇلازىمىتى، فوتوگراف ۋە سىن ئىشلەش، ئېلانچىلىق، يۇمشاق دېتال قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى قىلىدىكەن.

بۇ شىركەت ئىشلەپ تارقاتقان «لايىقىم» يۇمشاق دېتالى بولسا، مەخسۇس ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى ئەرلەرگە تونۇشتۇرۇش يۇمشاق دېتالى سۈپىتىدە، دوۋيىن (تىك توك)، ۋېيبو قاتارلىق خىتاي ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىدا ئۇچرىشىش ۋە لايىق ئىزدەش سۇپىسىغا ئايلانغان بولۇپ، نۆۋەتتە «لايىقىم» سۇپىسىنىڭ

خىتاينىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تىزىملاتقان ئەزاسى 1 مىليون 202 مىڭغا يېتىدىكەن.




مۇخبىر مەزكۇر لايىق تونۇشتۇرۇش شىركىتىنىڭ خىتاي دۆلەت ئاپپاراتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە يەنىمۇ تەپسىلىي مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى نىكاھ ئىشلىرى بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلاشقان بولسىمۇ، تېلېفوننى ئالغان خىتاي خادىم «لايىقىم» نامىدىكى لايىق تونۇشتۇرۇش شىركىتىنىڭ خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشى ياكى قوللىشى ئاستىدا ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلغان.

ئارقىدىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش ئىدارىسىگە تېلېفون قىلىپ، ھەرخىل سوئال سورىغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا سوئالدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تىرىشقان ۋە ئاخىرىدا «ئۇنداقتا خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ياكى دۆلەت بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ قوللىشى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشنىمۇ؟» دەپ سورالغاندا بولسا، خىتاي خادىم: «بۇلارغا مەن جاۋاب بېرەلمەيمەن» دەپلا سۆزىنى ئۈزگەن.

خىتايچە مەنبەلەردىن مەلۇم بولغان ھەقىقەتلەرنىڭ بىرى شۇكى، شەرقىي تۈركىستان ئىشغال قىلىنغان 70 نەچچە يىلدىن بۇيان خىتايدىكى باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلار بىلەن توي قىلىش نىسبىتى ئىزچىل 1% كىمۇ يەتمەيدىغان ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەدە بولۇپ كەلگەن. لېكىن خىتاينىڭ مەخسۇس سىياسەتلىرى تۈرتكىسىدە ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ تويلىشىش نىسبىتىدە قانچىلىك ئېشىش كۆرۈلگەنلىكىگە ئائىت ئېنىق سانلىق مەلۇمات يوق. ئەمما ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا خىتايغا تەگكەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ توي مۇراسىملىرىغا ئائىت ۋىدىيولارنىڭ كۆپەيگەنلىكى بۇ خىل بىنورماللىقنىڭ بارغانچە نورماللىققا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە.

ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى تەتقىق قىلىۋاتقان ئالىملاردىن دوكتور ئادرىيان زېنز خىتاينىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە بېرىپ خىتايلار بىلەن تويلىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىنى خىتاي ئەرلىرى بىلەن تويلىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ئۇيغۇرلارنى مىللەتلەر ئارا تويلىشىشقا مەجبۇرلاش سىياسىتى مېنىڭ 2021-يىلى ئېلان قىلغان دوكلاتىمدا تىلغا ئېلىنغان. مەن خىتاي رېجىمىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىدە خىتاينىڭ

ئۇيغۇر نوپۇسىنى كونترول قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيىتىنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلغان، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدىم. خۇددى شۇنىڭدەك، بۇ ئەھۋالمۇ خىتاي رېجىمى ئىجرا قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس جەھەتتىكى ‹مۇتلەق ئۈستۈنلۈكى›نى بۇزۇپ تاشلاشتەك ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك بۇنىڭ خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك سىستېمىلىق پىلانى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ بۇنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېلىپ بېرىۋاتقىنىدىنمۇ ھەيران قالمىدىم. بولۇپمۇ شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، بۇ ئىشلار نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئەرلىرى لاگېرلارغا قامالغان ۋە تۈرمىلەرگە يۆتكەپ كېتىلگەن، يەنە نۇرغۇنلىرى ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن بىر مەزگىلدە يۈز بەرمەكتە. بۇ بوشلۇقنى بولسا ئۇلار خىتاي ئەرلىرى ئارقىلىق تولدۇرماقتا. بۇ خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى ئىجرا قىلىۋاتقان پىلاننىڭ بىر قىسمى» دېگەن.

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى 2022-يىلى 11-ئايدا ئېلان قىلغان «ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مەجبۇرىي تويلاشتۇرۇلۇشى: خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللەتلەر ئارا تويلاشتۇرۇش سىياسىتى» سەرلەۋھىلىك چوڭ ھەجىملىك دوكلاتىدا خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىنى خىتاي ئەرلىرى بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاش سىياسىتىنى دۆلەت سىياسىتى سۈپىتىدە سىستېمىلىق ئىجرا قىلىۋاتقانلىقى، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى ۋە مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنىڭ ۋاسىتىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەنىدى. دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىچە، ئەگەر خىتاي ئەرلىرى توي قىلىشنى تەلەپ قىلغان قىزلار ياكى قىزلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر توي قىلىشنى رەت قىلسا، جازا لاگېرلىرىغا كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سېلىنغان. مەزكۇر دوكلاتتا بۇ خىل سىياسەتنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتاي جەمئىيىتىگە سىڭدۈرۈۋېتىشنى مەقسەت قىلغان بىر تاكتىكا ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەنىدى.

خىتاي رېجىمى رەئىسى شى جىنپىڭ 2014-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى تۇنجى قېتىم رەسمىي زىيارەت قىلغاندىن كېيىنلا «مىللەتلەر ئارا قوشۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش» تەدبىرلىرى رەسمىي يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان. بولۇپمۇ 2016-يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ 18 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان نىكاھ يېشىدىكى ئەرلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن چوڭ تۇتقۇن ۋە لاگېر سىياسىتى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق باشلانغاندىن بۇيان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ خىتاي كۆچمەنلىرىگە مەجبۇرىي نىكاھلىنىشى ئېغىرلاۋاتقانلىقى مەلۇم.



# ياپونىيەدە ئېچىلغان «خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى» غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى

«خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى دۇنيا پارلامېنتلار كېڭىشى» 29-ئۆكتەبىر ياپونىيە پايتەختى توكيودا باشلىنىپ، 31-ئۆكتەبىر ئاخىرلاشتى.

مۇنبەرنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەشكىللىگەن بولۇپ، 25 دۆلەتتىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، پارلامېنت ئەزالىرى بولۇپ، 200 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلغان.

مۇنبەرگە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىنهاجى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ تاشقى ئىشلار مەسئۇلى ئۇستاز ئابدۇسالام ئالىم تەكلىپ بىلەن ئىشتىراك قىلغان.

مۇنبەردە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى مۇزاكىرە قىلىنغان بولۇپ، ئۇندىن باشقا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان خوڭكوڭ، تەيۋەن بوغۇزىدىكى جىددىيلىكلەر، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستانغا قوشنا بولغان ئەللەرنىڭ تەدرىجىي ھالدا خىتاينىڭ يوشۇرۇن تەھدىتىگە دۇچ كېلىش ئەھۋاللىرى مۇھاكىمە قىلىنغان.

يىغىننىڭ ئاخىرقى قىسمىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ياپونىيە پارلامېنت ئەزالىرى، د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا، ياپونىيە پارلامېنتى «ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى»نىڭ رەئىسى كېئىجى فۇرۇيا، «كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندى»نىڭ ئالىي تەتقىقاتچىسى دوكتور ئادرېئان زېنز قاتارلىقلار تاراتقۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەن.

يىغىن ئاخىرىدا «خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى» نامىدىن بىرلەشمە خىتابنامە ئېلان قىلىنغان. خىتابنامىدە خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ھەرخىل ۋاسىتىلەر بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداپ، جىنايەتلىرىدىن تېنىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى، نۆۋەتتە ئاۋۋال خىتاينىڭ ئالدامچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختىتىشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن.

خىتابنامىنىڭ ئاخىرىدا خىتاي چېگرا ھالقىغان باستۇرۇش ھەرىكىتىنى باشلاپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى ھەر جەھەتتىن ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىش كېرەكلىكى، ياپونىيەنىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى مەسىلىسىدە ئېنىق پوزىتسىيەدە بولۇشى كېرەكلىكى، خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان موڭغۇللار، تىبەتلەر، ئۇيغۇرلار ھەمكارلىشىپ، خىتايغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش كېرەكلىكى بىلدۈرۈلگەن.



## كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ كۆچمەنلەر پىلانىدا ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بولۇشى ئۇيغۇرلارنى سۆيۈندۈردى

كانادا ھۆكۈمىتى 2024-يىلىدىن 2026-يىلىغىچە بولغان كۆچمەن قوبۇل قىلىش پىلانىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، پىلان ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بارلىقى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى سۆيۈندۈردى.

1-نويابىر كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان توربدا كۆچمەنلەر ئىشلىرى مىنىستىرى مارك مىللېر كانادانىڭ 2024-يىلىدىن 2026-يىلىغىچە بولغان «يېڭى كۆچمەنلەر قاتلىمى پىلانى»نى ئېلان قىلغان بولۇپ، مەزكۇر يېڭى پىلانغا ئۇيغۇرلارمۇ كىرگۈزۈلگەن.

كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانىدا 2024-يىلى 485 مىڭ، 2025-يىلى 500 مىڭ، 2026-يىلى 500 مىڭ يېڭى كۆچمەن قوبۇل قىلىشنى پىلانلىغان بولۇپ، مەزكۇر پىلاننىڭ ئىزاھاتىدا ئۇيغۇرلارمۇ كاناداغا يېڭىدىن قوبۇل قىلىنىدىغان كۆچمەنلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

بۇ يىل 1-فېۋرال كانادا پارلامېنتىدا خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدىن قېچىپ، باشقا دۆلەتتە ياشاۋاتقان خەتەر ئاستىدىكى 10 مىڭ ئۇيغۇر مۇساپىرنى كاناداغا ئورۇنلاشتۇرۇش قارار لايىھەسى ئاۋازغا قويۇلغاندى ۋە باش مىنىستىر جاستىن ترۇدو، كابىنېت مىنىستىرلىرى ۋە بارلىق پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ قوللاپ ئاۋاز بېرىشى نەتىجىسىدە، نۆلگە قارشى 322 ئاۋاز بىلەن قارار لايىھەسى رەسمىي ماقۇللانغانىدى.

خىتاي كانادانىڭ مەزكۇر پىلانغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقان بولۇپ، كانادا پارلامېنتى 10 مىڭ ئۇيغۇر مۇساپىرنى كاناداغا ئورۇنلاشتۇرۇش قارار لايىھەسىنى تەستىقلاپ ئىككى كۈندىن كېيىن، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ماۋ نىڭ مۇخبىرلارنىڭ ئالاقىدار سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، ھەر دائىم تەكرارلاپ كېلىۋاتقان يالغان-ياۋىداق سۆزلىرىنى تەكرارلاپ: «نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى خەلق تىنچ ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشاپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانماقتا. بىز كانادا تەرەپنىڭ شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئاممىنى ئازدۇرۇشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىمىز» دەپ بىلجىرلىغانىدى.



## ئىسرائىلىيە غەززە رايونىنى شىددەتلىك بومباردىمان قىلماقتا

ئىسرائىلىيە غەززە رايونىنى قاتتىق بومباردىمان قىلىۋاتقان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر تەخمىنەن 10 مىڭ پەلەستىنلىك ھاياتىدىن ئايرىلغان. بۇلارنىڭ يېرىمى ئاساسەن بالىلار ئىكەن.

ئەلجەزىرە تورىنىڭ 6-نويابىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ھاماس تەرەپ ئىسرائىلىيە ئارمىيەسىنىڭ غەززەنىڭ شىمالىدىكى بىر قانچە دوختۇرخانىنىڭ ئەتراپىنى بومباردىمان قىلغانلىقىنى، ئۇندىن باشقا تېلېفون ۋە تور ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئەلقەسسام بىرىگادىسى 5-نويابىر ئىسرائىلىيەنىڭ شەھەرلىرىگە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئاتقان بولۇپ، غەززەدىكى بىر نەچچە ئىسرائىلىيە ماشىنىسىنىڭ نىشان قىلىنغانلىقىنى ۋە ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى بار رايونغا مىناميوت بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ئىسرائىلىيە ئارمىيەسىنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، 27-ئۆكتەبىر غەززەدە قۇرۇقلۇق ھەرىكىتى باشلانغاندىن بۇيان كەم دېگەندە 30 ئىسرائىلىيە ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلگەن. باشقا ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ھازىرغىچە ئۆلگەن ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 300 دىن ئاشقان.

بىلدۈرۈشىچە، ئىسرائىلىيەنىڭ پەلەستىن خەلقىنى قىرغىن قىلىش قىلمىشى خەلقئارا جەمئىيەتتە قاتتىق غۇلغۇلا قوزغىغان. 5-نويابىر ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بىلىنكېن رامئاللاھتا پەلەستىن پرېزىدېنتى مەھمۇد ئابباس بىلەن كۆرۈشكەن. كۆرۈشۈشتە مەھمۇد ئابباس پەلەستىن پۇقرالىرىنىڭ مەجبۇرىي كۆچۈرۈلۈشىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ۋاتىكاندا پاپا فرانسىس 5-نويابىر ئىسرائىلىيە بىلەن ھاماس ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشنى توختىتىش، تۇتقۇنلارنى قويۇپ بېرىش ۋە غەززەگە ياردەم بېرىش چاقىرىقىنى يېڭىلاپ، ۋەزىيەتنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

فرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى 5-نويابىر كەچتە غەززە رايونىنى ئىككىگە بۆلگەن بولۇپ، غەززىدىكى زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى داۋام قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئىسرائىلىيە ھەربىي باياناتچىسى ھاگارى ئىسرائىلىيەنىڭ ھاماسقا قارشى ئۇرۇشىنىڭ مۇھىم باسقۇچقا كىرگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.




## تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى مالايشىيادا زىيارەتتە بولدى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرېشىد ئەمىنھاجى باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت 5-نويابىر مالايشىيا ئىكرام ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى خەيرۇل ئەنۋەر قەمەرۇددىننى زىيارەت قىلدى.

ھەيئەت زىيارەت داۋامىدا خەيرۇل ئەنۋەر قەمەرۇددىن ئەپەندى بىلەن تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ كەلگۈسىدە مالايشىيا ياشلىرى بىلەن قىلماقچى بولغان پائالىيەتلىرى ۋە تۈرلۈك ساھەدىكى ھەمكارلىق مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئاخىردا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە بۇيۇمى تەقدىم قىلدى.

ھەيئەت 5-نويابىر يەنە ھالۇۋان تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەزىز مات ئەلىنى زىيارەت قىلدى. زىيارەت داۋامىدا ھالۇۋان تەشكىلاتى بىلەن قىلماقچى بولغان پائالىيەتلەر ۋە تۈرلۈك ساھەدىكى ھەمكارلىق مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئاخىردا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلدى.

ھەيئەت 5-نويابىر يەنە ئاماناھ نېگارا پارتىيەسى ياشلار شۆبىسىنىڭ رەئىسى ۋە مالايشىيا كېڭەش پالاتا ئەزاسى ھاسبى مۇدانىنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، زىيارەت جەريانىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى مالايشىيادا كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈش، كەلگۈسىدە قىلماقچى بولغان خىزمەت تەرتىپلىرى ۋە قەدەم باسقۇچلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئاخىردا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلدى.

ھەيئەت 5-نويابىر يەنە مالايشىيا ئىسلام تەشكىلاتلىرى شۇرا كېڭىشىنىڭ رەئىسى جىگۇ موھدئەزمى ئابدۇلھەمىدنى زىيارەت قىلدى. زىيارەت جەريانىدا مالايشىيا خەلقىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى ئاكتىپ تونۇشتۇرۇشىنىڭ يوللىرى ۋە كەلگۈسىدە تاشلىنىدىغان قەدەملەر مۇزاكىرە قىلىندى. ئاخىردا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى چۈشۈرۈلگەن خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلىندى.




## ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى
## ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ تۇنجى قويۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى پاش قىلىنغان ھۆججەتلىك فىلىم «شاۋقۇن-سۈرەن»نىڭ قويۇلۇش مۇراسىمى ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى تەسۋىرلەنگەن ھۆججەتلىك فىلىم «شاۋقۇن-سۈرەن»نىڭ ئامېرىكىدىكى تۇنجى قويۇلۇش مۇراسىمى 5-نويابىر ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن.

خەۋەردە قىلىنىشىچە، مەزكۇر ھۆججەتلىك فىلىمنى ئىشلەشكە بەش يىل ۋاقىت كەتكەن بولۇپ، يەتتە دۆلەتتە سۈرەتكە ئېلىنغان. بۇ ھۆججەتلىك فىلىمدە باش پېرسوناژ جەۋھەر ئىلھامنىڭ دادىسى ئىلھام توختىنى خىتاي تۈرمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى، شۇنداقلا بىر نەچچە ئۇيغۇرنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىدىن قېچىپ، چەت ئەلگە چىققانلىقى، ئۆزى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ لاگېردىكى ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان.

فىلىمدە باش پېرسوناژ جەۋھەر ئىلھام خەلقئارا جەمئىيەتكە دادىسى ئىلھام توختىنىڭ 2014-يىلى ئاتالمىش «بۆلگۈنچى» دېگەن باھانە بىلەن خىتاي رېجىمى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىش جەريانىنى تونۇشتۇرغان بولسا، ئون نەچچە ئۇيغۇرنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرى ئارقىلىق بۇنداق ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زور كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئائىلىسىدە يۈز بەرگەنلىكى ھەمدە يۈز بېرىۋاتقانلىقى، خىتاينىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقنى ۋەھشىي باستۇرۇۋاتقانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن.

«شاۋقۇن-سۈرەن» فىلىمىنىڭ نامى بىر خىتاي ئەمەلدارىنىڭ 2017-يىلى قىلغان «شىنجاڭدىكى بارلىق شاۋقۇن-سۈرەننى يوقىتىش كېرەك» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، كۆرۈرمەنلەرگە ئەمەلدارنىڭ مەزكۇر بايانى ئارقىلىق، ئۇيغۇر

قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ قارشىلىق ساداسىنى يوقىتىش رەزىل مەقسىتىنى ئېچىپ تاشلاش نىشان قىلىنغان.

فىلىمنىڭ رېژىسسورى داۋىد نوۋاك ئامېرىكىلىق يەھۇدىي بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياۋروپادىكى چوڭ قىرغىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن. جازا لاگېرلىرى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ باشقا ئائىلە ئەزالىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن. رېژىسسور بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان بولۇپ، بۇ ھۆججەتلىك فىلىمنى ئىشلەش ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتتە بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالنىڭ قايتا يۈز بەرمەسلىكىنى ئەسكەرتمەكچى بولغان.



خىتاي ئوتتۇرا ئاسىيادا زور كۆلەملىك ساختا تەشۋىقات پائالىيىتىنى باشلىدى

خىتاي يېقىنقى مەزگىللەردە شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش رەزىل پىلانى بويىچە داۋاملاشتۇرۇۋاتقان «شىنجاڭ ياخشى جاي» نامىدىكى ساختا تەشۋىقاتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋاتقان بولۇپ، بۇ قېتىم قازاقىستان، ئۆزبېكىستاندا ناخشا-ئۇسسۇل، شېئىر، سۈرەت شەكلىدىكى چوڭ تىپلىق تىياتىر «شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق ئەدەبىيات-سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى قازاقىستان، ئۆزبېكىستاندا 11-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە ناخشا-ئۇسسۇل، شېئىر، سۈرەت شەكلىدىكى چوڭ تىپلىق تىياتىر «شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق ئەدەبىيات-سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي رېجىمى بۇ قېتىملىق كۆز بويامچىلىق ھەرىكىتىگە يۈزگە يېقىن ئارتىسنى ئاتلاندۇرغان بولۇپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق ئەدەبىيات-سەنئەت كېچىلىكى «تىيانشاندىكى لەرزان ئۇسسۇل»، «يىڭى يىپەك يولىدىكى ناخشا ساداسى»،

«كوئېنلوندىكى مۇھەببەت سىمفونىيەسى» دېگەندەك ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مۇقاملىرى، موڭغۇللارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «جاڭغىر»، قىرغىزلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ماناس»، قازاق مىللىتىنىڭ قارا جورغا ئۇسسۇلى قاتارلىقلار بار ئىكەن. خىتاي بۇ قېتىمقى يالغان تەشۋىقات پائالىيىتىدە يەنە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەقىقىي ۋەزىيىتىگە پۈتۈنلەي زىت بولغان «فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى» ئۆتكۈزۈلۈش ئارقىلىق، قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستان خەلقىنىڭ كۆزىنى بويىماقچى بولغان.

خىتاي رېجىمى بۇ خىلدىكى ساختا تەشۋىقاتلىرىنى نۆۋەتتە خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كېلىۋاتقان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش جىنايىتىگە قارشى سادالارنى ئۆچۈرۈش ۋە ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز كۈچەيتمەكتە ۋە دائىرىسىنى كېڭەيتمەكتە. شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندا باستۇرۇش، ھەر خىل باھانىلەر بىلەن تۇتقۇن قىلىش قاتارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلماقتا.




تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتىدىن خىتايغا بېسىم قىلىش تەلەپ قىلىندى

تۈرك ھەمكارلىق ۋە باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قوللىشى بىلەن «5-نۆۋەتلىك تۈرك دۇنياسى يازغۇچىلار قۇرۇلتىيى» ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلدى.

مەزكۇر يىغىننى يەنە تۈركىيە مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى، تۈركىيەنىڭ ئىلىم-پەن ۋە ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ئىگىلىرى جەمئىيىتى، چەت ئەلدىكى تۈركلەر بىرلىكى، ئاتاتۈرك تىل ۋە تارىخ ئالىي ئىنستىتۇتى، تۈرك تارىخ جەمئىيىتى، تۈرك تىل جەمئىيىتى، تۈركسوي، خەلقئارا سەنئەت ۋە ئىلىم-پەن جەمئىيىتى، دەرسلىك ۋە مەدەنىيەت كىتابلىرى نەشر قىلغۇچىلار نەشر ھوقۇقى ۋە ئىجازەتنامە جەمئىيىتى ۋە كېچىئۆرەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت قاتارلىق ئورگانلارمۇ يېقىندىن قوللىغان بولۇپ، 6-نويابىردىن 8-نويابىرغىچە ئەزەربەيجان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان، ئىراق، ئىران، كوسوۋو، شىمالىي ماكېدونىيە، سۈرىيە،

گاگازىيە، تۈركمەنىستان، تاتارىستان، باشكورتوستان، بوسنىيە-گېرتسېگوۋىنا، ۋېنگىرىيە، ئالبانىيە، گىرېتسىيە، تۈركىيە قاتارلىق 19 دۆلەتتىن 100 شائىر، يازغۇچى، ئاكادېمىك قاتنىششى بىلەن ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلدى.

قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق نىشانلىرىنىڭ بىرى تۈرك دۇنياسىدىكى ئالىملار ۋە يازغۇچىلارنى بىر يەرگە جەم قىلىش، تونۇشتۇرۇش ۋە دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق رىشتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بولۇپ، قۇرۇلتايدا ئەقلىي ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئەسەر ھوقۇقى، كىتاب ئوقۇش مەدەنىيىتى، بالىلار ئەدەبىياتى، تەرجىمە مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئورتاق ھەرىكەت قىلىش قارار قىلىندى. شۇنداقلا ئورتاق تىل ۋە ئورتاق ئېلىپبە مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە بۇ مەسىلىدە ھەل قىلىش تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، تۈرك مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقلەر ۋە جامائەتلەر ئارا ئالماشتۇرۇشنى بېيىتىش ئارقىلىق، تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ بايلىقىنى نامايان قىلىش ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋرگە ئاساسەن ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئېھتىياجلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ھەل قىلىش چارىسى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن قەدەم تاشلاندى.

قۇرۇلتايدا يەنە خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە ئاتالمىش «ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئورۇن ئالغان ئانا تىلدىكى مائارىپ ھەققىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قايتۇرۇپ بېرىلىشى توغرىسىدا قارار ماقۇللاندى ۋە تۈرك دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بۇ ھەقتە خىتايغا بېسىم ئىشلىتىشى تەلەپ قىلىندى.

يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا ئوقۇپ ئۆتۈلگەن قارارنىڭ 11-ماددىسىدا: «تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتىنىڭ سىرتىدا قالغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى ھەق-ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشى، بولۇپمۇ ئانا تىلدا مائارىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن تۈرك دۆلەتلىرى تەشكىلاتىنىڭ كۈچ چىقىرىشى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئانا تىلىنى ئۆگىنىشى ۋە مىللىي كىملىكىنى قوغداپ قېلىشى ئۈچۈن تۈركىيە باشلىق تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ياردەم بېرىشى، ئانا تىل دەرسلىك كىتابى، تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن سىن، ھۆججەتلىك فىلىم ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللار تەييارلاش قارار قىلىندى» دېگەن ئىبارىلەر ئورۇن ئالدى.

بۇ ھەقتە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان داڭلىق تۈركولوگ، پېنسىيەگە چىققان پروفېسسور ئەخمەت بىجان ئەرجىلاسۇن سۆز قىلىپ: «مەھمۇد كاشغەرىي ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› ناملىق ئەسىرىنى بىز تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن نەشر قىلدۇرغانىدۇق. كېيىنچە باشقا دۆلەتلەردىمۇ ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلىندى. بۇ توغرىلىق نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەر يېزىلغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ تىللىرى چەكلەندى. ئۇلارنىڭ ئانا تىلدا مائارىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۈرك دۆلەتلىرى ۋە تۈركىي خەلقلەر خىتايغا بېسىم پەيدا قىلىشى كېرەك» دېگەن.

ئىلىم ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ساھىبلىرى بىرلىكى رەئىسى مەھمەد نۇرى پارماقسىز ئەپەندى بولسا بۇ قۇرۇلتايدا ماقۇللانغان قارارلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنىڭ تۈركىيەدىكى ئەلچىخانىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا خەت يازدىغانلىقىنى، بۇ ھەقتە قولىدىن كەلگەننى قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ۋە «پەقەتلا مۇستەقىل

بولغان تۈركىي مىللەتلەرلا ئەمەس، بارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئاپتونوم رايونلىرى بار دۆلەتلەرنىڭ ئەنقەرەدە تۈرۈشلۈق ئەلچىخانىلىرىغىمۇ بۇ قارارنى يوللايمىز. خىتاي ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئانا تىلدا مائارىپى چەكلىمىگە ئۇچراۋاتىدۇ. بۇ دۆلەتلەر دۇنيانى ئالداشقا تىرىشىۋاتىدۇ، لېكىن بىزنى ئالدىيالمايدۇ. بۇ دۆلەتلەر تور دۇنياسىغا ئىشىكىنى ئېتىۋالدى. قىلمىشلىرىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۆرۈشىنى توسۇۋاتىدۇ، ئەمما بۇنى يوشۇرالمايدۇ» دېگەن.

ئىككى يىلدا بىر قېتىم چاقىرىلىدىغان مەزكۇر يىغىننىڭ 6-نۆۋەتلىكىنى 2025-يىلىدا ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ساھىبخانلىقىدا ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنت شەھىرىدە ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى.




## خىتاي ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ۋە خەلقنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇشقا زور كۈچ سەرپ قىلماقتا

خىتاي رېجىمى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇپ، خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەكتەپلەرگە خىتاي كومپارتىيە ئەزالىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئاتالمىش «شىنجاڭ تارىخى ئەسلىمىلىرى» نامىدىكى يالغان تارىخ تونۇشتۇرۇلغان فىلىمنى كۆرۈشكە مەجبۇرلىغان.

خىتاي كۈندىلىك گېزىتىنىڭ 10-نويابىر خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كۇچا شەھىرى تەۋەلىكىدە داۋاملىق تۈردە پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئاما ۋە باشلانغۇچ-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەشكىللەپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ تارىخى» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىمنى كۆرۈشكە مەجبۇرلىغان.

مەزكۇر ھۆججەتلىك فىلىمدە ئاتالمىش «شەرقتىن قايتىپ كەلگەن قەھرىمانلار»، «مۇھاپىزەتچى جېڭ جى»، «لولەن قەدىمى شەھىرى»، «سۇباش بۇددا ئىبادەتخانىسى»، «غەربكە كۆچۈش»، «ئىنقىلابى ئوت»، «ئىلى گېنېرالى»، «غەربىي رايوننىڭ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلى»، «يىپەك يولى» ۋە «غەربىي رايون تۇتۇق بەگ مەھكىمىسى» قاتارلىق 60 بۆلۈمنى

ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. بۇ ھۆججەتلىك فىلىملەر خىتاي رېجىمى تەرىپىدىن ياسالما مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق ئىشلەنگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق تارىخ، مىللەت، مەدەنىيەت ۋە ئېتىقاد جەھەتتىن ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇش مەقسەت قىلىنغان.

خىتاي رېجىمى مەزكۇر سەپسەتىلەرنى تەشۋىق قىلىشتا مەكتەپلەر بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن، زور ساندا مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ، ھازىرغا قەدەر كۇچا شەھىرى 12 ئورۇندا ئاساسىي قاتلامدا فىلىم قويۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، يېزا-بازار، مەھەللە، مەكتەپ ۋە باشقا جايلاردا ئاتالمىش «شىنجاڭ تارىخى» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىمنى 4826 قېتىم قويغان بولۇپ، 724 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى مەجبۇرىي كۆرۈشكە تەشكىللىگەن.

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئۆز تىل-يېزىقىدىن، ئېتىقادىدىن، مەدەنىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ كېلىۋاتقان بولسا، ئاتالمىش «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»، «خىتايلار ئۇيغۇرلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇيغۇرلار خىتايلاردىن ئايرىلالمايدۇ» دېگەن سەپسەتىلەر باش تېما قىلىنغان ھەرخىل ساختا تەشۋىقات فىلىملىرىنى ئىشلەش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا مېڭە يۇيۇش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرماقتا.



## شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت كۈنى ئىستانبۇلدا داغدۇغىلىق تەبرىكلەندى

1933- ۋە 1944-يىلى 12-نويابىر شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان ئىككى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيەتلىرىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى 12-نويابىر ئىستانبۇلدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

پائالىيەتنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى قاتناشقاندىن باشقا، تۈركىيە ۋە باشقا دۆلەتتە پائالىيەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلات رەھبەرلىرى، ۋەكىللىرى، ئاكادېمىكلار، دۆلەت ئەربابلىرى ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ئىشتىراك قىلدى.

پائالىيەت ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى

مەھمۇدجان داموللامنىڭ قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن تۈركىيە ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت مارشلىرى ئوقۇلدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان بارلىق رەھبەر ۋە شېھىتلار دۇئا قىلدى ۋە بۇ يولدا كۈرەش قىلغان شېھىتلەر، رەھبەرلەرنىڭ روھىدىن ئۈلگە ئېلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق روھىنى، كۈرەش روھىنى ئەۋلادلارغا ئۆگىتىش بىلەن بىرگە، بارلىق كۈچ بىلەن ھەرىكەت قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن قازاق تۈركلىرى ۋەقفى رەئىسى جەلال قەھرىمان، تۈركىستانلىقلار ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان كاۋۇنجۇ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم، سابىق پارلامېنت ئەزاسى پىروفېسسور، دوكتور جەلال ئەرباي قاتارلىقلار سۆز قىلغاندىن كېيىن، ئىستانبۇل زەيتىنبۇرنۇ رايونلۇق ھۆكۈمىتىدىن دوكتور ئادەم ئۇسلۇ سۆز قىلىپ، 1933- ۋە 1944-يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قۇتلۇق كۈنىنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە شەرقىي تۈركىستان تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى ئىكەنلىكىنى، تۈركىيە بارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنى ئىكەنلىكىنى، دەۋادا ئۈمىدلىك بولۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئارقىدىن خەلققە تونۇشلۇق ئامېر قىلىچ «ئەي ئانا ماكان»، «ئويغان» ناملىق ناخشىلىرىنى تەقدىم قىلدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا «1933-1944-يىلى قۇرۇلغان ئىككى جۇمھۇرىيەت توغرىسىدا ئانالىز» تېمىسىدا سۆز قىلدى. ئارقىدىن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ ئىدېئولوگىيەسى ھەققىدە سۆز قىلدى.

پائالىيەت رۇستەم نىيازوۋانىڭ «ئۆمۈر» ۋە «ۋەتەن» ناملىق ناخشىلىرىنى تەقدىم قىلىشى بىلەن داۋام قىلغاندىن كېيىن، ياپونىيە كاگوشىما خەلقئارا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق ئوقۇتقۇچىسى، نۆۋەتتە تۈركىيە ئەنقەرە ئىجتىمائىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ھاجى قۇتلۇق قادىرى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ۋە گېنېرال مەخمۇت مۇھىتى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى.

پائالىيەت جەريانىدا ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىدىن مۇھەممەد ئۆتكۈر «شۇنداق ۋەتەننىڭ ئوغلى ئىدىم مەن» ناملىق شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى، ئارقىدىن سۇتۇق بۇغراخان ۋەقفى ئوقۇغۇچىلىرى «قوزغال ئۇيغۇرۇم» ناملىق ناخشىنى ئورۇنلىدى، زۇلئىمان ئەھمەت «نۇزۇگۇم» ناملىق نەسرىي شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى ئاتاۋۇللاھ خەلپەت ھاجىم «ئىسلام دىنىدا دۆلەتچىلىك ئۇقۇمى» تېمىسىدا سۆز قىلغاندىن كېيىن، مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇلھەكىم مەخسۇم ھاجىم ھايات ۋاقتىدا ئىككى جۇمھۇرىيەت ھەققىدە توختالغان قىسقا سىن كۆرسىتىلدى.

ئارقىدىن دوكتور ئادىلجان ئەرئۇيغۇر «ئىككى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئىنسان ۋە ئىجتىمائىي بايلىق نۇقتىسىدىن نەزەر» تېمىسىدا سۆز قىلدى.

پائالىيەت شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەر قارىھاجىمنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتى.






















دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا جۇمھۇرىيەت كۈنى ئالاھىدە خاتىرىلەندى

دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى 12-نويابىر ئىككى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقى ۋە 79 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، مۇراسىم ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى تەشكىللىدى.

ئاۋسترالىيەدىكى ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستان ئاۋسترالىيە جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 12-نويابىر جەنۇبىي ئاۋسترالىيەنىڭ ئادلەيد شەھىرىدە ئىككى جۇمھۇرىيەت كۈنىنى تەبرىكلىگەن. ئىككى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان قۇتلۇق كۈن ناخشا ئېيتىش، ئارغامچا تارتىش، چېلىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن داغدۇغىلىق خاتىرىلەندى.

شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار 12-نويابىر شۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسى ۋە تەكلىماكان ئىسلام مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئىككى جۇمھۇرىيەت كۈنىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

گوللاندىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىككى جۇمھۇرىيەت كۈنىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان كۈنىنى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى ھەمدە شېھىتلەرنى ئەسلەش پائالىيىتىدىن باشقا، دام مەيدانىدا شەرقىي تۈركىستان دۆلەت مارشى ئوقۇپ، بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

ئامېرىكىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان سۈرگۈندە ھۆكۈمىتى ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيەتنىڭ 90 يىللىقى ۋە 79 يىللىقىنى نامايىش قىلىش ئارقىلىق خاتىرىلىدى.

تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى 12-نويابىر ئىككى جۇمھۇرىيەت كۈنىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

12-نويابىر يەنە تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، دۇنيا

20

ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، شەرقىي تۈركىستان فېدېراتسىيەسى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەقفى، شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى، دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، ئۇيغۇر ئىلىم- مەرىپەت ۋەقفى، ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزى ۋە ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى قاتارلىق تەشكىلاتلار بىرلىكتە ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ رايونىدا ئىككى جۇمھۇرىيەتنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

12-نويابىر چۈشتىن كېيىن «سەرخىللار مائارىپى» ئىستانبۇلدىكى ساباھەتتىن زائىم ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى جۇمھۇرىيەتنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

ئۇندىن باشقا قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلار، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ئانا تىل، قۇرئان كۇرسلىرى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن جۇمھۇرىيەت كۈنىنى خاتىرىلىدى.



ئىسرائىلىيە خىتاي ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلغان كامېرالار بىلەن پەلەستىنلىكلەرنى نازارەت قىلغان

ئىسرائىلىيەنىڭ خىتاي ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن خەيكاڭ شىركىتىنىڭ كامېرالىرى بىلەن پەلەستىنلىكلەرنى نازارەت قىلغانلىقى ئاشكارىلاندى.

ئەنگلىيە ئاخبارات ئورگىنى «مۇستەقىل تورى»نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئىسرائىلىيە ئىشغال قىلىۋالغان ئىيوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى ۋە شەرقىي قۇددۇسقا ئورنىتىلغان كامېرا سىستېمىسىنىڭ خىتاي خەيكاڭ شىركىتى تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى، مەزكۇر كامېرالارنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلەتكەن تېخنىكىغا ئىگە ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

قۇددۇسنىڭ سىلۋان رايونىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، ئىسرائىلىيە ساقچىلىرى ئورناتقان كامېرالار بارلىق كوچىلارنى قاپلىغان، ھەتتا بۇ كامېرالار بىلەن بەزى ئۆيلەرنىڭ ئىچىنى كۆرەلەيدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر تارقالغانلىقى سەۋەبلىك خەلق ئۆيلىرىدە كىيىم سېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەن.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ «ئاپتوماتلاشقان ئىرقىي ئايرىمچىلىق»

نامىلىق دوكلاتىدا ئاشكارىلىشىچە، قۇددۇسنىڭ ئاساسلىق كىرىش ئېغىزى ۋە پەلەستىنلىكلەرنىڭ بىردىنبىر يىغىلىش نۇقتىسى دەپ قارالغان دەمەشق دەرۋازىسى بۇ شەھەردىكى قاتتىق نازارەت قىلىنىدىغان نۇقتىلارنىڭ بىرى ئىكەن. خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، ئىسرائىلىيە ساقچىلىرى بۇ يەردىن ئۆتكەن ھەر بىر پەلەستىنلىكنى قاتتىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق قارار چىقىرىدىكەن. بۇ كۆزىتىش سىستېمىسىنىڭ ئىشلەپچىقارغۇچىسى خىتاينىڭ خەيكاڭ شىركىتى ئىكەن.

دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كامېرا سىستېمىسى ئىشلەپچىقارغۇچى بولغان خەيكاڭ شىركىتى ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە تەرىپىدىن قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ بىخەتەرلىكى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش ھەرىكىتى ئۈچۈن خىتاي رېجىمىنى ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلىگەنلىكى بولغانىدى.




**بۇرسادا ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى**
**ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ قويۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى**

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت كۈنى بولغان 12-نويابىر تۈركىيەنىڭ بۇرسا شەھىرىدە تۈرك دۇنياسى يۈرۈك تۈركمەن بىرلىكى تەرىپىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلمى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «جىمجىت نالە (بىر قىرغىنچىلىقنىڭ ھېكايىسى)» نامىلىق ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ تۇنجى قويۇلۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

مۇراسىمغا مەزكۇر فىلىمنىڭ رېژىسسورى، تۈرك دۇنياسى يۈرۈك تۈركمەن بىرلىكى باش كاتىپى جامال ئاقفۇش، بىرلىك رەئىسى ئىرفان تاتلىئوغلى، شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىن شەۋكەت ئورخان، ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مەسلىھەتچىسى فاتىھ ئاجار ۋە مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسىدىن ۋەيسەل چەرمى، بۇرسادىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەرساھەدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر قاتناشتى.

مۇراسىمدا تۈرك دۇنياسى يۈرۈك تۈركمەن بىرلىكى رەئىسى ئىرفان تاتلىئوغلى ئۇلۇداغ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى ئابدۇرېھىم خەلىلئوغلىغا

مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا قارشىلىقنىڭ سىمۋولى بولغان تۇماق سوۋغا قىلدى ۋە سۆزىدە: «بۇ تۇماق بىزنىڭ كۈرىشىمىزنىڭ سىمۋولى. ھەق بىلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بار، ئاللاھقا شۈكرىلەر بولسۇنكى، بىز ھەقىقەت تەرەپتە» دېدى.

ئۇلۇداغ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى ئابدۇرېھىم خەلىلئوغلى سۆز قىلىپ: «ۋەتىنىمىز ھازىر ئىشغالىيەت ئاستىدا بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بىز ھامان بىر كۈنى ھەقىقەتنىڭ غالىب كېلىپ، باتىلنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. بىز ھەم خۇشال، ھەم قايغۇغا تولغان بۇ كۈندە بىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىڭلار ۋە بىز بىلەن بىللە بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن سىلەرگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن» دېدى.

ئارقىدىن تۈرك دۇنياسى يۆرۈك تۈركمەن بىرلىكى باش كاتىپى ۋە فىلىمنىڭ رېژىسسورى جامال ئاققۇش سۆز قىلىپ، ياشلارنىڭ بۇ مۇراسىمغا قاتناشقانلىقىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنىڭ كۆپىنچە كىشىلەر ئويلىغاندەك 2010-يىلىدىن كېيىن ئەمەس، 1940-يىللاردىن باشلانغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئاققۇش سۆزىدە يەنە: «دۇنيانىڭ نەرىدە بىر توقۇنۇش، ئۇرۇش بولسا، بۇ يەنىلا ھىلال ئاينىڭ كۈرىشى. بۇ كۈرەش ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى، ھەق بىلەن ناھەقچىلىق ئوتتۇرىسىدىكى، ئىنسانلىقنى يوقاتمىغانلار بىلەن كىچىك بالا، قېرى-ياش دېمەستىن قىرىپ تاشلايدىغان ياۋۇزلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش» دېدى.

ئارقىدىن ھەرقايسى ئەزىز مېھمانلار ئايرىم-ئايرىم سەھنىگە چىقىپ سۆز قىلدى ۋە: «بۇ يەرگە جەم بولۇشىمىزنىڭ سەۋەبى ئازابلىرىمىزنى ئورتاقلىشىش. ئەلۋەتتە، بۇ ئازاب مەڭگۈ داۋاملاشمايدۇ. ياشلىرىمىزنىڭ كۆزلىرىدىكى نۇرغا قارىساق، ئۇنى كۆرەلەيمىز. بۇ ياشلار بىز قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىدۇ» دېيىشتى.

ئۇلۇداغ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئەردەم ئۆزدېمىر: «بەختكە قارشى، ئىسلام دۇنياسى شەرقىي تۈركىستاننى قوللىمايدۇ، ئەمما چوقۇم قوللىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇ دۆلىتىمىز بۈگۈن ھايات بولغان بولسا، بىز بۇ پائالىيەتلەرنى ئەتە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەنقەرە ئەلچىخانىسىدا ئالاھىدە مۇراسىم بىلەن تەبرىكلىگەن بولاتتۇق» دەپ سۆزىنى باشلىدى ۋە: «بىز پۈتكۈل تۈرك دۇنياسىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى، قەيەردە بىر تۈرك بولسا، ئۇ يەرنىڭ مۇستەقىل تۈرك ۋەتىنى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ، تۈرك خەلقىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

بۇرسا شەھەرلىك ھۆكۈمەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى شەۋكەت ئورخان سۆزىدە دۈشمەنلەر ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، تۈرك خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ياخشى ئەخلاقىنى دۇنياغا داۋاملىق تارقىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە: «بىز بارلىق زېمىنىمىزنى قان بىلەن ئالدۇق، قان بىلەن ئېلىشنى داۋاملاشتۇرىمىز. ھېچكىم بۇنىڭدىن گۇمانلانماسلىقى كېرەك. بىز ئۇلارغا ئوخشاش بالىلارنى ياكى بىمارلارنى ئۆلتۈرمەيمىز، ئەمما ئۇلار ھەر خىل رەھىمسىزلىكلەرنى قىلىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۆتمۈشتىن ئۆچ ئالماقچى، ئۇلار بالىلىرىمىزنى ۋە ياشلىرىمىزنى خىتايلاشتۇرۇۋاتىدۇ ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ. بىز ئۇلارغا ئوخشاش قىلمايمىز، ئەمما كۈرىشىمىزنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىمىز» دېدى.

مۇراسىم شەرقىي تۈركىستان ۋە تۈركىيە بايراقلىرى لەپىلدىگەن سەھنىدە داڭلىق ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۇچراشقاندا» ناملىق شېئىرىنىڭ دۇتار بىلەن ئورۇنلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشتى.



## بايدېن: شى جىنپىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتتە مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى

ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدېن 15-نويابىر سان-فرانسىسكودا خىتاي رېجىمى رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، شى جىنپىڭ بىلەن بولغان كۆرۈشۈشنىڭ ئىجابىي ۋە مول مەزمۇنلۇق بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، بايدېن 15-نويابىردىكى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سۆھبەتنى «ئەڭ ئىجابىي ۋە مول نەتىجىگە ئىگە سۆھبەت» دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، شى جىنپىڭ بىلەن بايدېننىڭ سۆھبىتى ئۈچ جەھەتتە نەتىجىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ بىرى، ئىككى تەرەپ زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن خىمىيەلىك دورا ۋە دورا ياسىلىدىغان ماشىنىلارنىڭ خىتايدىن غەربىي يېرىم شارغا ئېقىشى كۆرۈنەرلىك ئازىيىدىكەن.

ئىككىنچى نەتىجە بولسا، ئىككى تەرەپ ئىككى ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە ئالاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلغان. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ بىۋاسىتە، ئوچۇق-ئاشكارا ئالاقە قىلىشقا كېلىشكەن.

ئۈچىنچى نەتىجە، ئامېرىكا ۋە خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، سۈنئىي ئىدراكقا مۇناسىۋەتلىك نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ پايدىسىز، نېمىنىڭ خەتەرلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى مۇزاكىرە قىلىدىكەن ۋە مۇزاكىرە نەتىجىسىدە توغرا يۆنىلىشتىكى ئەمەلىي قەدەملەرنى بەلگىلەيدىكەن.

بايدېن مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «يېقىندىن بېرى ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ ھەربىي ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. بۇ ھادىسىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇقۇشماسلىق» دېگەن.

ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىر مۇخبىر بايدېندىن شى جىنپىڭنى يەنە مۇستەبىت دەپ قارايدىغان-قارىمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «شۇنداق، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇ بىر مۇستەبىت» دېگەن.

ئىككىنچى نەتىجە بولسا، ئىككى تەرەپ




# ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق تورى: ئامېرىكاخىتاي ھەمكارلىقى ئۇيغۇرلارنى سېتىۋەتكەنلىك

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى تەشكىلاتى ئەمەلدارى بايدېننىڭ شى جىنپىڭ بىلەن تۈزگەن ھەمكارلىق كېلىشىمىنىڭ نۆۋەتتە خىتاي تەرىپىدىن قاتتىق باستۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنى سېتىۋەتكەنلىك بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئەنگلىيە كۇندىلىك پوچتا گېزىتىنىڭ 15-نويابىر خەۋەر قىلىشىچە، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى خەلقئارا تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لۇئىسا گرېۋ مۇخبىرغا: «بايدېننىڭ شى جىنپىڭ بىلەن تۈزگەن كېلىشىمى ئامېرىكىغا ھېچقانداق مەنپەئەت ئېلىپ كەلمىگەننىڭ ئۈستىگە، خىتاي تەرىپىدىن قاتتىق باستۇرۇلغان مىللەتلەرنى تېخىمۇ ئازابلايدۇ» دېگەن.

لۇئىسا گرېۋ مۇخبىرغا بايدېننىڭ سان-فرانسىسكودا ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا-تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇنبىرىدە (APEC) شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئالاقىدار ئىمبارگو ۋە خىتاي ئىشلەپچىقارغان خىمىيەلىك ماددىلار توغرىسىدىكى سودا مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «ئەگەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشىغا قارشى زەربە بېرىش مەسىلىسىدە خىتايغا يول قويىدىكەن، ئۆزىنىڭ غايىسىنى ساتقانلىق بولىدۇ. شۇنداقلا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەننىڭ ئۈستىگە، تولىمۇ نومۇسسىزلىق قىلغان بولىدۇ» دېگەن.

نۆۋەتتە ئامېرىكىدا ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بايدېن-شى جىنپىڭ ئۇچرىشىشىدا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنىڭ كۈچلۈك تىلغا ئېلىنمىغانلىقى، ھەتتا ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى قانۇنى يولغا قويۇلغان ۋە نۇرغۇن خىتاي ماللىرى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈلمىگەن ئامېرىكىدا شى جىنپىڭنىڭ يۈزىگە بۇ جىنايەتلىرى ئېيتىلمىغانلىقى، بۇنى ئاز دەپ ئامېرىكىنىڭ ئەڭ داڭلىق يۈزلىگەن شىركەت خوجايىنلىرىغا ھەشەمەتلىك داستىخان سېلىپ، شى جىنپىڭنىڭ ئالدىغا يىغىپ بېرىپ، شى جىنپىڭنىڭ ۋەز ئېيتىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىپ قاتتىق نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# دوكلات: ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى خىتاي ئارمىيەسىگە چېتىشلىق مەبلەغ قوبۇل قىلماقتا

ئەنگلىيە ئەقىل ئامبىرى Civitas ئېلان قىلغان يېڭى دوكلاتتا بايقىلىشىچە، ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى خىتاي ئارمىيەسىگە بىۋاستە چېتىشلىق ئورگانلاردىن نۇرغۇن مەبلەغكە ئېرىشىپ كېلىۋاتقاندىن سىرت، يەنە خۇاۋېي شىركىتىنىڭمۇ مەبلىغىنى قوبۇل قىلغان.

ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ مەنبەسى خىتاي بولۇپ، بۇ ئەھۋاللارغا سىياسىي نۇقتىدىن دىققەت قىلىۋاتقان يېڭى تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى قوبۇل قىلغان خىتاي مەبلىغىنىڭ كۆپىنچىسى خىتاينىڭ ھەربىي ۋە سانائەت ئورگانلىرىغا بىۋاستە چېتىشلىق ئىكەن. تەتقىقاتچىلار بۇ ئەھۋاللارنىڭ ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيانلىق ئىكەنلىكى، خىتاي ئوقۇغۇچىلار ۋە خىتاي مەبلىغىگە تايىنىشنى چوقۇم ئازايتىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ئېلان قىلىنغان تەتقىقات دوكلاتىدا ئۆتكەن بەش يىل ئىچىدە ئەنگلىيەدىكى كۆپلىگەن ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ خىتاي ئارمىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ زور مىقداردا مەبلىغىگە ئېرىشكەنلىكى، ھەتتا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى خىتاي تېخنىكا شىركىتى خۇاۋېينىڭ يەرلىك ئالاقە تورى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشىنى چەكلىگەندىن كېيىنمۇ، ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ يەنىلا خۇاۋېينىڭ 14 مىليون فوندستېرلىڭ مەبلىغىگە ئېرىشكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

ئەنگلىيە ئەقىل ئامبىرى Civitas ئەنگلىيەدىكى 88 ئۇنىۋېرسىتېتقا خىتاي مەبلىغىگە ئائىت ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 46 ئىلتىماسقا جاۋاب قايتۇرۇلغان. مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتلار 2017-يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە جەمئىي 122 مىليون فوندستېرلىڭدىن 156 مىليون فوندستېرلىڭغىچە مەبلەغكە ئېرىشكەنلىكىنى بايان قىلغان.

دوكلاتنىڭ ئاپتورى، Civitas ئەقىل ئامبىرىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ۋە بىخەتەرلىك مۇدىرى روبېرت كىلارك بۇ ھەقتە سۆز قىلىپ، خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەنلىكىنى، ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى خىتاي ئارمىيەسىگە چېتىشلىق مەبلەغنىڭ نىسبىتىدىن چۆچۈگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.



# ئامېرىكا خىتاينىڭ مۇھىم ئورگىنىغا قاراتقان جازانى بىكار قىلدى

ئامېرىكا 16-نويابىر خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ماددىي ئىسپاتلارنى باھالاش مەركىزىنى جازا تىزىملىكىدىن چىقارغان بولۇپ، بۇنىڭ بەدىلىگە خىتاي بىلەن زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە ھەمكارلاشماقچى بولغان.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، بايدېن ھۆكۈمىتى خىتاي بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئىككى تەرەپلىك ھەمكارلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بىرىكمە زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئۇنىڭغا كېرەكلىك خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ ئامېرىكىغا ئېقىشىنى توختىتىشنى مەقسەت قىلغان خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى قارار قىلغان.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى مەسىۇ مىلېر مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا: «خىتاينىڭ ماددىي ئىسپاتلارنى باھالاش مەركىزىنىڭ قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن ئورۇنلىرى تىزىملىكىدە داۋاملىق ئورۇن ئېلىشى خىمىيەلىك ماددا ئەتكەسچىلىكىنى توختىتىش ھەمكارلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ» دېگەن.

مىلېر مۇخبىرغا: «بىز بۇ مەسىلىگە باھا بەرگەندە، ماددىي ئىسپاتلارنى باھالاش مەركىزىنى تىزىملىكتىن چىقىرىۋېتىشنىڭ بارلىق پايدىسىنى نەزەردە تۇتتۇق. ئاخىرىدا خىتاينىڭ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىك ھەرىكىتىنى ئازايتىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىشنى خالايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، خىتاينىڭ ماددىي ئىسپاتلارنى باھالاش مەركىزىنى جازا تىزىملىكىدىن چىقىرىۋېتىشنى قارار قىلدۇق» دېگەن.

ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى 2020-يىلى ئامېرىكىنىڭ تاشقى سىياسەت مەنپەئەتىگە خىلاپ پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلدى، دەپ قاراپ، خىتاي ج خ مىنىستىرلىقىنىڭ ماددىي ئىسپاتلارنى باھالاش مەركىزىنى جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزگەنىدى.

كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قارارىنى ئامېرىكىنىڭ خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغۇچىلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىرادىسىگە گۇمان تۇغدۇرىدۇ، دەپ تەنقىد قىلماقتا.




# ئەردوغان تۈرك مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىمۇ تىلغا ئالدى

تۈركىيە پرېزىدېنتى رەجەپ تاييىپ ئەردوغان 18-نويابىر ئىستانبۇلدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك تۈرك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ 62-نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە شەرقىي تۈركىستاننىمۇ تىلغا ئالدى.

تۈركىيە پرېزىدېنتلىق مەھكىمىسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، پرېزىدېنت ئەردوغان 18-نويابىر ئىستانبۇلدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك تۈرك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ 62-نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىغا ئىشتىراك قىلغان ۋە يىغىندا قىلغان سۆزىدە شەرقىي تۈركىستاننىمۇ تىلغا ئالغان.

ئەردوغان مەملىكەتلىك تۈرك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ 1916-يىلى قۇرۇلغانلىقىنى، تارىختىن بۇيان ئەگرى-توقاي يوللارنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى، بىرلەشمىنىڭ چاناق قەلئە مۇجادىلىسىدىن باشلاپ، كۆپلىگەن رايونلارغا كېڭەيگەنلىكىنى، بۇ جەريانلاردا تۈركىيە بۇلغارىستاندىكى تۈرك مازارلىقىنى ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرۇش، ھاتاينى ۋەتەننىڭ قوينىغا قايتۇرۇشتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەھدىتىگە قارشى كۈرىشىگىچە، سىپرۇس مەسىلىسىگە ئىگە چىقىشتىن تارتىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ تەرەققىياتىغىچە، ئاياسوفىيە جامەسىنىڭ قايتا ئىبادەتكە ئېچىلىش دەۋاسىدىن بۈيۈك تۈركىيە كۈرىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىگىچە كېڭەيگەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئۇندىن باشقا، پرېزىدېنت ئەردوغان 20-نويابىر كەچتە پرېزىدېنتلىق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىچكى كابىنېت يىغىنىدىن كېيىنكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، تۈركىيە ئىچى-سىرتىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەققىدە توختالدى ۋە تۈركىيەنى «ئىرقداشلىرىغا يۈز ئۆرۈش» بىلەن ئەيىبلىگۈچىلەرنى ئەيىبلىدى.

ئۇ سۆزىدە: «تۈركىيە بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن پەقەتلا چېگرالىرىمىز ئىچىدىلا ئەمەس، چەت ئەللەردىمۇ مەزلۇمنىڭ، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنىڭ، ئېزىلگەنلەرنىڭ، زۇلۇمغا ۋە باستۇرۇشقا ئۇچرىغانلارنىڭ يېنىدا بولىمىز» دېدى ۋە: «تۈركىستاندىن-ئافغانىستانغىچە، بالقانلاردىن-ئافرىقىغىچە قەيەردە كۆزى ياش بىلەن تولغان، كۆڭلى سۇنۇق بىرى بولسا، تۈركىيەنىڭ شەپقەت قولى شۇ يەردە. پەلەستىندىكى ئېزىلگەنلەرنىڭ ئازابى بىزنىڭ ئازابىمىز بولغىنىدەك، ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، ئاھىسكا تۈركلىرى،

قىرىم تاتارلىرى ۋە كەركۈك تۈركمەنلىرى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەسىلىلىرىمۇ ئوخشاشلا بىزنىڭ مەسىلىمىز. ھېچقانداق ئايرىمچىلىق قىلماستىن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىمىز. كىمكى تۈركىيەنى ئىرقداشلىرىنىڭ مەسىلىسىدىن يۈز ئۆرىدى، دەپ قارىلايدىكەن، شۇنى ئېنىق دەپ قويايكى، ئۇ يا غاپىل، ياكى نادان، ياكى چەت ئەل كۈچلىرىگە ۋاكالىتەن ئىشلەيدىغان جاسۇسلاردۇر... تۈركىيەنىڭ ئىرقداش مىللەتلەرگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشى بىز ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. ئىنشائاللاھ، بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يېنىدا بولىمىز» دېگەنلەرنى تەكىتلىدى.




## خىتاي «كۆرگەزمە» نامىدا ئۇيغۇر مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى خىتايغا باغلاشقا ئۇرۇنماقتا

خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقىغا ئالاقىدار بارلىق ماددىي بۇيۇملارنى ۋەيران قىلىش بىلەن بىرگە، ياسالما ياكى بۇرمىلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى خىتايغا باغلاشقا ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، 18-نويابىر ئاتالمىش «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسىنىڭ 100 يىللىقى» نامىدا كۆرگەزمە باشلىغان.

خىتاي خەلق تورىنىڭ 19-نويابىردىكى خەۋىرىدە بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىدە كونا تاش قوراللار دەۋرىدىن خىتاينىڭ خەن، جىن، سۈي، تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن 180 نەچچىسى كۆرگەزمە قىلىنىدىغانلىقى، كۆرگەزمىنىڭ تۆت چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. كۆرگەزمە كېلەر يىلى 18-يانۋارغىچە ھەقسىز ئېچىۋېتىلىدىغان بولۇپ، كۆرگەزمە مەزگىلىدە ساختا، بۇرمىلانغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن كۆز بوياش بىلەن بىرگە، ئاممىغا ئارخېئولوگىيەلىك لېكسىيە سۆزلەش ۋە مۇتەخەسسىسلەر مەخسۇس مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش، بىر گەۋدە بولۇشتەك تەرەققىيات مۇساپىسىنى سۆزلەش ئارقىلىق، ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش» رەزىل پىلانىنى چۈشەندۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي رېجىمى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇش، تارىخىنى بۇرمىلاش پىلانىغا ئاساسەن، ئاتالمىش «شىنجاڭ مۇزېي»نىڭ كۆلىمىنى ئەسلىدىكىدىن ئۈچ ھەسسىگە يېقىن كېڭەيتىپ سالغان. 2-قاتارلىق يېڭى سارايىدا ئاتالمىش «شىنجاڭ تارىخي مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان. مەزكۇر كۆرگەزمىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ «خىتاينىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى»دەك بۇرمىلانغان تارىخنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش مەقسەت قىلىنغان ئاتالمىش «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دىن 1570 پارچە بار ئىكەن.

خىتاي ئىشغالىيەت تارىخىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوچۇق-ئاشكارا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خىتاي مەدەنىيىتىنى مەجبۇرىي تېڭىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش، يوقىتىش پىلانلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ئىجرا قىلماقتا.




## خىتاي شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە زور كۆلەملىك يالغان تەشۋىقات ھەرىكىتى باشلىدى

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئاتالمىش «ئون مىڭ كىشى شىنجاڭ توغرىسىدا سۆزلەش» نامىدا، خىتاي رېجىمىغا سېتىلغان ئاتالمىش تارىخچىلار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە تور مەشھۇرلىرىنى كەڭ كۆلەملىك يالغان تەشۋىقات ھەرىكىتىگە تەشكىللىدى.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي رېجىمى 16-نويابىر بېيجىڭ شەھىرى چاۋياڭ رايونىغا جايلاشقان 751 كۇتۇپخانىسىدا ئاتالمىش «ئون مىڭ كىشى شىنجاڭ توغرىسىدا سۆزلەش» نامىدا يىغىن تەشكىللىگەن بولۇپ، يىغىندا خىتاينىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى داڭلىق شەخسلەر، تاراتقۇ مەسئۇللىرى، چەت ئەللىك خىتايپەرەس تور مەشھۇرلىرىدىن باشقا، ئاتالمىش «شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان» كومپارتىيە كادىرلىرى قاتارلىقلار خىتاي كوممۇنىست رېجىمىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، ساختا تارىخ، توقۇلما ۋەقەلىكلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا تەشكىللەنگەن.

خىتاي رېجىمى خەلقئارادا مۇسۇلمانلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈش بېرىپ، ئىسلام دۇنياسىنى قايمۇقتۇرسا، شەرقىي تۈركىستاندا مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ئىبادەت ۋە دىنىي پائالىيەتلىرىنى چەكلەپ، قۇرئان

كەرىم ۋە بارلىق دىنىي كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئىجرا قىلماقتا. شۇنداقلا جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، خىتاي ئىچى-سىرتىدىكى تور مەشھۇرلىرىدىن، تاراتقۇ خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن زور كۆلەملىك ساختا تەشۋىقات قوشۇنى ئارقىلىق، جىنايەتلىرىنى پەردازلاشقا ئۇرۇنماقتا.




## كانادادا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق ھوقۇقى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

كانادا شەرقىي تۈركىستان فېدېراتسىيەسى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسال مەنپەئەت مەركىزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، 19-نويابىر كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدە «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق ھوقۇقى ۋە يەرشارى خەۋپسىزلىكىدىكى زۆرۈرىيىتى» تېمىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى.

يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەتقىقاتچىلار، سىياسەتچىلەر ۋە شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى.

يىغىندا كانادا شەرقىي تۈركىستان فېدېراتسىيەسى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇسال مەنپەئەت مەركىزىنىڭ رەئىسى رۇقىيە تۇردۇش خانىم، ئامېرىكا فىلورىدا ئىشتاتىدىن ئادۋوكات تونى زېلىنسكى، كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتىدىن دوكتور ماگنۇس فىسكېسجو، مايفلى مەسلىھەتچىلىكىنىڭ باش بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى جېفرېي سىمىس، لاۋئېر ئىنستىتۇتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتچىسى، كانادانىڭ چەت ئەلدىكى پائالىيەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەركىزى ۋە ياۋروپا بىخەتەرلىك سىياسىتى مەركىزىنىڭ خادىمى چارلىز بۇرتون، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ياۋروپا تاشقى ئىشلار مەسئۇلى نىجات تۇرغۇن قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى.

سۆز قىلغۇچىلاردىن ئادۋوكات تونى زېلىنسكى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىسىدىكى ھېسابىدا يىغىن ھەققىدە ئۇچۇر ھەمبەھىرلەپ، خىتاينىڭ نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارغا قىلغانلىرى ۋە

قىلىۋاتقانلىرىنىڭ ئۆزىلا خىتاي رېجىمىنىڭ ئەركىن دۇنياغا قانچىلىك چوڭ خەتەر ئىكەنلىكىنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىنى، ئەركىن دۇنيانىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە ئىشغال قىلىشىغا يول قويغان خاتالىقلىرىنىڭ بۈگۈن ھېس قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «بىز بۈگۈن داۋاملىق سادىر قىلىۋاتقان خاتالىقلارنى بالىلىرىمىز ۋە نەۋرىلىرىمىز ھېس قىلىدۇ. بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا ۋە ئەركىن دۇنيانىڭ كەلگۈسىدىكى ھالىتى بولىدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتايدىن غايەت زور پايدا ئېلىۋاتقان چوڭ شىركەتلەرنىڭ ئاچكۆزلۈكى بىلەن خەتەرگە ئېتىبار بەرمەكتە. خىتايدا چوڭ پايدىغا ئېرىشىشنى خالايدىغان چوڭ شىركەتلىرىمىز خىتاينىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماقتا. بۇنىڭ بىلەن خىتاي رېجىمى ھۆكۈمىتىمىزگىمۇ تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇ مەنپەئەتلەرنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت بولمايدىكەن، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە تارىخ كىتابلىرىدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ ئىزاھاتى بولۇپ قالىدۇ» دېگەن.



## تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرىغا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە تەكلىپ بېرىلدى

تۈركىيە ئىيى پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، تۈرك دۇنياسى ۋە چەت ئەلدىكى تۈركلەر مەسئۇلى، ئىيى پارتىيەسىنىڭ ئادانا پارلامېنت ئەزاسى دوكتور ئايبۈجە تۈركەش تاش خانىم 21-نويابىر تۈركىيە پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى خامچوت كومىتېتىدا قىلغان سۆزىدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خاقان فىدان ۋە ھەمراھلىرىغا سالام بەرگەندىن كېيىن، سۆزىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىش بىلەن باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەرھۇم رەھبەرلىرىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالدى ۋە: «خىتاي تەرىپىدىن باستۇرۇلغان، شەرقىي تۈركىستاندا قانۇنسىز قولغا ئېلىنغان ئىلھام توختى قاتارلىق بارلىق زىيالىي، ئاكادېمىكلارغا ۋە خىتاي جازا لاگېرلىرىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارغا سالام يوللايمەن» دەپ باشلىدى.

ئۇ سۆزىنىڭ داۋامىدا يەنە: «تارىخىمىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە كۈلتۈرىمىزنىڭ ئانا مەنبەسى بولغان شەرقىي تۈركىستان ئۇ

تۇپراقلاردا ھايات ئۈچۈن مۇجادىلە قىلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ مەسىلىسى بولغىنىدەك، دۇنيا تۈركلىرىنىڭمۇ ئاچچىق، ئەمما ھەقىقىي مەسىلىسى» دېدى.

ئۇ خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا نۆۋەتتە ئىجرا قىلىۋاتقان بارلىق جىنايەتلىرىنى بىرمۇ بىر ساناپ ئۆتتى ۋە بۇ مەسىلىگە تۈركىيە باشلىق پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنىڭ ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى دەۋا قىلىۋاتقان ئەركىن دۇنيانىڭ ئىگە چىقىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

دوكتور ئايىپۇجە خانىم سۆزىنىڭ داۋامىدا يەنە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خاقان فىدان ۋە كومىتېت ئەزالىرىغا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى سۇندى:

1. شەرقىي تۈركىستاندىن ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە كونسۇلخانا قۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلىش.

2. تۈركىيەدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خىتاي ئەلچىخانىسى ئارقىلىق ھېچ بولمىغاندا ئالاھىدە مۇھىم كۈنلەردە بولسىمۇ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن تىرىشىش.

3. خىتاي رېجىمىدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان تۈركىيە پۇقراسى بولغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەلۇمات تەلەپ قىلىش، ھەتتا ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش.



## HRW بارلىق ھۆكۈمەتلەرنى خىتايغا بېسىم قىلىشقا چاقىردى

خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى (HRW) خىتاينىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىپ، ئاتالمىش «مەسچىتلەرنى بىرلەشتۈرۈش» نامىدا مەسچىت سانىنى كۆرۈنەرلىك ئازايتىۋەتكەنلىكى ھەققىدە يېڭى دوكلات ئېلان قىلدى.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى 22-نويابىر ئېلان قىلغان دوكلاتتا، خىتاي رېجىمىنىڭ ئىسلام دىنىنى چەكلەش ھەرىكىتىدە بىر قىسىم مەسچىتلەرنى تاقىغانلىقىنى، بىر قىسىملىرىنى چېقىۋەتكەنلىكىنى، يەنە بىر قىسىم چېقىلمىغان مەسچىتلەرنى ئۆزگەرتىپ، دىنىي بەلگىسى بولمىغان شەكىلگە

كەلتۈرگەنلىكىنى، بارلىق مەسچىتلەرنىڭ گۈمبەز ۋە مۇنارلىرىنى بۇزۇۋەتكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى.

دوكلاتتا خىتاي قانۇنىدا خەلقنىڭ رەسمىي تەستىقلانغان دىنىي سورۇنلاردا ئىبادەت ۋە ھەرخىل پائالىيەتلەرنى قىلىشىغا يول قويۇلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خىتاي رېجىمىنىڭ مەسچىت ۋە ئىبادەت سورۇنلىرىنى قاتتىق كونترول قىلغانلىقى، 2016-يىلى شى جىنپىڭ ئاتالمىش «ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش» سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ كاپالىتى قىلىشنى تەلەپ قىلغاندىن باشلاپ، دىنىي كونترول قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكى، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى 2018-يىلى 4-ئايدا ئېلان قىلغان ئاتالمىش «مەسچىتلەرنى رەتكە سېلىش» ناملىق ھۆججەتتىكى ئىستراتېگىيەسىدە ئىسلام دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش، پۈتۈن خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي سورۇنلىرىنى ئۆزگەرتىپ سېلىش، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە بۇيرۇغانلىقى، مەزكۇر ھۆججەتنىڭ ئىزاھاتىدا بۇ خىل باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنىڭ مەسچىتلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنى ئازايتىش، چېقىلغان مەسچىتلەر سانىنىڭ يېڭىدىن سېلىنغان مەسچىتلەر ساندىن كۆپ بولۇشى كېرەكلىكىنىڭ تەكىتلەنگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنىستىتۇتىنىڭ (ASPI) ئۈچ يىل بۇرۇن ئېلان قىلغان دوكلاتىدا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي رېجىمى 2017-يىلدىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسچىتلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئۆزگەرتكەن ياكى چېقىۋەتكەن.

تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىۋاتقان ئىككى تەتقىقاتچى ھەننا سېكېر

ۋە داۋىد ستروپىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ئىڭشيادىكى مەسچىتلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى 2020-يىلدىن باشلاپ تاقىلىپ قالغان.

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى دوكلاتىنىڭ ئاخىرىدا خىتاينى دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىپ، ئاتالمىش «دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇش» ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىپ، خەلقنىڭ دىنىي ئەركىنلىك ھوقۇقىنى چەكلەيدىغان قانۇن-نىزاملارنى بىكار قىلىشقا ھەمدە بۇ خىل چەكلەش سىياسىتىنى تەنقىد قىلغانلىقى ياكى ئېتىراز بىلدۈرگەنلىكى سەۋەبلىك قولغا ئېلىنغانلارنى قويۇپ بېرىشكە چاقىرىش بىلەن بىرگە، ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنى خىتايغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئاتالمىش «مەسچىتلەرنى بىرلەشتۈرۈش» سىياسىتىنى ۋە تېخىمۇ كەڭ ئىجرا قىلىنىۋاتقان «خىتايلاشتۇرۇش» ھەرىكىتىنى توختىتىشقا چاقىرغان.



# ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى «ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى

ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى تاشقى ئىشلار كومىتېتى بىر يۈرۈش قانۇن لايىھەلىرى قاتارىدا «ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ تاشقى ئىشلار كومىتېتى 28-نويابىر بىر يۈرۈش قانۇن لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خوڭكوڭنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق سودا ئىشخانىسىنىڭ داۋاملىق ئالاھىدە دىپلوماتىك مۇئامىلە ۋە ئېتىبار بېرىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇش-بولماسلىقىنى قايتا باھالاش تەلەپ قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاۋام پالاتاسى تاشقى ئىشلار كومىتېتى يەنە خىتايغا چېتىشلىق بىر قاتار قانۇن لايىھەلىرىنى ماقۇللىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ خىتاينىڭ سۈنئىي ئىدراك ۋە باشقا يۇقىرى تېخنىكىلىق ساھەگە مەبلەغ سېلىشىنى توسۇش، تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى قوللاش قاتارلىقلار ئورۇن ئالغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئاۋام پالاتاسىنىڭ تاشقى ئىشلار كومىتېتى 28-نويابىر خوڭكوڭ ئىقتىساد ۋە سودا ئىشخانىسىنىڭ «گۇۋاھنامە قانۇنى»نى 0 گە قارشى 30 ئاۋازنىڭ قوللىشى بىلەن ماقۇللىغان بولۇپ، ئۇندىن باشقا خىتاينىڭ مۇھىم ئىلغار تېخنىكىلارغا ئېرىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى قارارمۇ ماقۇللانغان.

ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى تاشقى ئىشلار كومىتېتى يەنە «ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغان بولۇپ، بۇ قانۇن لايىھەسىنى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئاۋام پالاتا ئەزاسى يوڭ كىم ۋە بۇ كومىتېتنىڭ ئاسىيا-تىنچ ئوكيان تارماق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە بىر قانچە پارتىيە ھالقىغان پارلامېنت

ئەزالىرى ئوتتۇرىغا قويغان.

«ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»دە ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ خىتاينى شەرقىي تۈركىستاننى تاشقى دۇنياغا، ئاخبارات ساھەسىگە، پارلامېنت ئەزالىرىغا ۋە شۇنداقلا پارلامېنتتىكى خىتاي ئىشلىرى كومىتېتى ئەزالىرىغا ئېچىۋېتىشكە، ئۇلارنىڭ ئەركىن ۋە كونتروللىسىز ھالدا رايوننى زىيارەت قىلىشىغا يول قويۇشقا چاقىرىشى كېرەكلىكى قەيت قىلىنغان.

بۇ قانۇن لايىھەسىدە يەنە خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيىتى، دىنى ۋە تىلىنى ئېتىراپ قىلىش، ساقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا، شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي كىملىكىنى ساقلاشنى تىنچ ھالدا تەشەببۇس قىلغان كىشىلەرنى باستۇرۇش، تۈرمىگە تاشلاش ۋە تۇتۇپ تۇرۇش سىياسىتىنى توختىتىشقا چاقىرىش تەلەپ قىلىنغان.

«ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»دا يەنە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن ئوخشاش پىكىردىكى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش مەسىلىسىدە خىتايغا بېسىم ئىشلىتىش، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلىنغان بارلىق جازا لاگېرىنى تاقاشقا چاقىرىق قىلىش تەلەپ قىلىنغان.




خىتاي مىڭلىغان ئۇيغۇر ئاكادېمىكلىرىنى تۇرمە، جازا لاگېرلىرىغا قاماپ، كۆزدىن يوقاتماقتا.






خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ساختا تەشۋىقاتلىرىغا زور كۈچ سەرپ قىلماقتا.

# ئىستىقلال ئاۋازى
## ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


باش مۇھەررىر: ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

تەھرىر: ي. قۇرۇم

لايىھەلىگۈچى: سەيپىدىن تارىم

كارىكاتۇر: رادۋا ئادىل

نەشر قىلغۇچى ئورۇن: شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

نەشر تۈرى: ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى



ئادرېس: Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2
Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

info@istiqlalmedia.com
www.istiqlalmedia.com www.istiqlalhaber.com
+90 553 895 19 33 +90 212 540 31 15
+90 541 797 77 00


**DOĞU TÜRKİSTAN**
**BASIN VE MEDYA DERNEĞİ**
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى